# يۇھاننا يازغان ئىككىنچى خەت

## (قىسقىچە چۈشەندۈرۈش)

مۇئەللىپ بۇ خېتىنى «خۇدا تەرىپىدىن تاللانغان خانىمغا ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىگە»، يەنى مەلۇم بىر ھەقىقىي ئېتىقادچى خانىمغا ياكى مەلۇم بىر ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىگە يازغان. ئۇ بۇ خېتىدە ئېتىقادچىلارنى بىر ـ بىرىگە مېھىر ـ مۇھەببەت كۆرسىتىشكە، ئەيسا مەسىھ ھەققىدىكى تەلىملەردە چىڭ تۇرۇشقا ۋە ئەيسا مەسىھنىڭ ئىنسان تېنىدە كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان ساختا تەلىم بەرگۈچىلەردىن ھەزەر ئەيلەشكە چاقىرغان. مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ شۇ ئېتىقادچىلار بىلەن تېزرەك كۆرۈشۈش ئارزۇسىنى ئىپادىلەش بىلەن خېتىنى تاماملىغان.

تېزىس:

1. سالام (1 ــ 3 ـ ئايەتلەر)
2. مېھىر ـ مۇھەببەتلىك ھايات (4 ــ 6 ـ ئايەتلەر)
3. ساختا تەلىم بەرگۈچىلەرنى رەت قىلىش (7 ــ 11 ـ ئايەتلەر)
4. ئاخىرقى سۆز (12 ـ، 13 ـ ئايەتلەر)

# يۇھاننا يازغان
# ئىككىنچى خەت

1 خۇدا تەرىپىدىن تاللانغان خانىمغا* ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىگە مەنكى
ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنىڭ يېتەكچىسىدىن سالام! مەن چىن كۆڭلۈمدىن
سىلەرنى سۆيىمەن. سىلەرنى يالغۇز مەنلا ئەمەس، خۇدانىڭ ھەقىقىتىنى
تونۇپ يەتكەنلەرنىڭ ھەممىسى سۆيىدۇ. 2 چۈنكى، بۇ ھەقىقەت قەلبىمىزدە
ياشىماقتا ۋە مەڭگۈ بىزگە يار بولىدۇ. 3 ئەرشتىكى ئاتىمىز ۋە ئۇنىڭ ئوغلى
ئەيسا مەسىھ ھەقىقەت ۋە مېھىر ـ مۇھەببەت ئىچىدە ياشايدىغان بىزلەرگە
مېھىر ـ شەپقەت، رەھىمدىللىك ۋە ئامانلىق ئاتا قىلغاي!

### ھەقىقەت ۋە مېھىر ـ مۇھەببەت

4 پەرزەنتلىرىڭىزدىن بەزىلىرىنىڭ ئەرشتىكى ئاتىمىزدىن ئالغان ئەمر

---

* 1. خانىم ــ بىر جەھەتتىن ھەقىقىي بىر ئايال خانىمنى كۆرسىتىشى، يەنە بىر جەھەتتىن بىر ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

بويىچە ھەقىقەت يولىدا ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن خۇرسەن بولدۇم.
[5] ھۆرمەتلىك خانىم، ئەمدى مەن سىزدىن شۇنى ئۆتۈنىمەنكى، بىز ھەممىمىز بىر ـ بىرىمىزگە مېھىر ـ مۇھەببەت كۆرسىتىشىمىز كېرەك. مەن سىزگە يېزىۋاتقانلىرىم يېڭى بىر ئەمر ئەمەس، بەلكى بىز بۇرۇندىن تارتىپ قوبۇل قىلىپ كېلىۋاتقان ئەمردۇر. [6] مېھىر ـ مۇھەببەت خۇدانىڭ ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلىپ ياشاش دېمەكتۇر. خۇدانىڭ ئەمرى بولسا سىلەر بۇرۇندىن تارتىپ ئاڭلاپ كېلىۋاتقاندەك، مېھىر ـ مۇھەببەت يولىدا مېڭىشتۇر.
[7] نۇرغۇن ساختا تەلىم بەرگۈچىلەر دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىدا پەيدا بولدى. ئۇلار ئەيسا مەسىھنىڭ دۇنياغا ئىنسان تېنىدە كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. بۇنداقلار دەل ئالدامچى ۋە ئەيسا مەسىھنىڭ رەقىبىدۇر. [8] خۇدا يولىدا سىڭدۈرگەن ئەجرىڭلارنى يوقىتىپ قويماي، خۇدانىڭ تولۇق ئىنئامىغا ئېگە بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، ئۆزۈڭلارغا ئاگاھ بولۇڭلار. [9] ئەيسا مەسىھنىڭ تەلىملىرىدە چىڭ تۇرماي، ئۇنىڭدىن چەتنىگەنلەر خۇدائاتىغا باغلانمىغان بولىدۇ. ئەيسا مەسىھنىڭ تەلىملىرىدە چىڭ تۇرغانلار بولسا ئەرشتىكى ئاتىمىز ۋە ئۇنىڭ ئوغلىغا باغلىنىپ ياشاۋاتىدۇ. [10] ئەگەر بىرەر كىشى سىلەرنىڭ جامائەتچىلىكىڭلارغا ئەيسا مەسىھنىڭ تەلىملىرىنى ئەمەس، بەلكى باشقىچە تەلىم ئېلىپ كەلگەن بولسا، ئۇنى ئۆيۈڭلارغا تەكلىپ قىلماڭلار ھەم ئۇنى قارشى ئالماڭلار. [11] چۈنكى، ئۇنداق ئادەمنى قارشى ئالغان كىشى ئۇنىڭ يامان ئىشلىرىغا شېرىك بولغۇچىدۇر.

## ئاخىرقى سۆز

[12] سىلەرگە دەيدىغان يەنە كۆپ سۆزلىرىم بار ئىدى. لېكىن، قەغەز بىلەن سىياھنى ئىشلەتكەندىن كۆرە، خۇشاللىقىمىزنىڭ تولۇپ تېشىشى

ئۇچۇن، يېنىڭلارغا بېرىپ دىدار كۆرۈشۈپ سۆزلىشىشنى ئەۋزەل بىلدىم.
13 خۇدا تەرىپىدىن تاللانغان ھەدىڭىزنىڭ پەرزەنتلىرىدىن* سىزگە سالام!

*13. ھەدىڭىزنىڭ پەرزەنتلىرى — يۇھاننا تۇرغان جايدىكى ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.